# 129407 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

بەزى مۇسۇلمانلار ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن "پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگنجىسى "ناملىق پىروگراممىدا بەزى تالاش-تارتىشلار مەيدانغا كەلدى. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن: ئەرەپ تىلىدىكى (ئاخەر ) ياكى (خاتەم) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟بۇنىڭ قۇرئان-ھەدىستىن بولغان دەلىلى؟، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈششى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى دېگەن سۆز ئاخىرلىشامدۇ ياكى داۋام قىلامدۇ؟. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ كاپىر بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ مۇشۇ ئەتراپتا باشقا مەسچىت بولمىسا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرىدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن بەش تۈرلۈك خىسلەت بىلەن بارلىق پەيغەمەرلەردىن ئارتۇق قىلىندىم: ماڭا شاپائەت قىلىش مەرتىۋسى بېرىلدى، مەن بىلەن پەيغەمبەرلىك ئاخىرلاشتى، ماڭا غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى، زېمىنىنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن پاك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىندى، مەن بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم.» بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى . ئاللاھ تائالا قۇرئان كرىمدە: «لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى» دېدى. بۇنىڭ مەنىسى: ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دېمەكتۇر. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ». يەنى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىمۇ ۋە پەيغەمبەرمۇ كەلمەيدۇ.

ھەقىقەتەن ئىسا ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشكەن ۋاقىتتا، زېمىندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن

كېيىن كەلگەن پەيغەمبەر دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بىر ئۇممەت بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

كىمكى مۇھەممەدئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە يېڭىدىن پەيغەمبەر كېلىدۇ ياكى مۇھەممەدئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ پەيغەمبەر كېلىشى توغرا بولىدۇ دېگەننى  دەۋا قىلسا، ئۇ كىشى كاپىر بولىدۇ، شۇنىڭدەك، مۇشۇ شەرىئەت ئاخىرقى شەرىئەت ئەمەس دەپ قارىغان كىشىمۇ ئوخشاشلا كاپىر بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكى بىلىنسە، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش توغرا بولمايدۇ، بۇرۇن ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇلغان نامازلار بولسا، ئۇنى قايتىدىن ئوقۇش كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.